# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشلىرىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، پارتىيىنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، ھەم ئىشەنچكە تولۇش، ھەم خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاش كېرەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىيدىن مەسىلىنى تونۇش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشقا ماھىر بولۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى كۆزلەپ، چوڭ يۈزلىنىشنى كۆزىتىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، كۈرەش قىلىش روھىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ روھىنى باشلامچى بولۇپ ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ياخشى روھىي ھالەت ۋە خىزمەت ھالىتىنى ساقلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى باشلامچى بولۇپ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى پۇختا تاماملىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوقۇتۇش، تەتقىقات، يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشكەن تاۋارلاشقان ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى.

ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ سۈپەتلىك رولى ئارقىلىق، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن كارخانىلارنىڭ زىچ بىرلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىش تەقسىماتى مۇۋاپىق، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، بايلىق مەركەزلەشكەن، يۈرۈشلۈشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمى ئورنىتىلدى. بىرلەشمە گەۋدىگە ئەزا ھەرقايسى ئورۇنلار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتىدە، بىرلەشمە گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ئەزا ئورۇنلار ئۆز رايونىدىكى سورتلارنىڭ سۈپىتى، بازاردا سېتىلىشى قاتارلىق ئۇرۇقچىلىق ئۇچۇرلىرىنى يىغىپ رەتلەشكە مەسئۇل بولۇپ، بىرلەشمە گەۋدىنىڭ ئورتاق تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشىغا يوللاپ، ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىلىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى بىر گەۋدىلەشكەن ياخشى سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق كەسپ زەنجىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

يۇقىرى ئۈنۈملۈك پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمى ئېلىپ كەلدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە بىرلەشمە گەۋدە ئىچىدىكى ھەرقايسى كارخانىلار 831 مىليون يۈەن پايدا ئېلىپ، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرگەن ئائىلىلەرنىڭ پايدىسىنى 298 مىليون يۈەن كۆپەيتكەن؛ يېڭى سورت ۋە يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، كەسپكار دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 1 مىليارد 547 مىليون يۈەن ئاشۇرغان. بازاردا كەڭ قارشى ئېلىنىشقا ۋە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن بىر تۈركۈم دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى يېڭى سورتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىغا كىرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە 2021 ـ يىللىق «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات(قاراپ چىقىشقا سۇنۇلىدىغان نۇسخىسى)»نى تۈزۈش، تەييارلاش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، يىقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان بىرىنچى بەش يىل، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى پىلانلاش ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تۈزۈش، تەييارلاش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئاڭلىدى. تۈزۈش، تەييارلاش جەريانىدا، بىز كەڭ كۆلەمدە ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەم مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلەر، ھەر ساھەدىكى ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى قاتارلىق كىشىلەر تونۇپدىن پىكىر، تەكلىپ ئېلىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى مەركەزنىڭ روھىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇردۇق، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇردۇق، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرىغا، ئارزۇسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇردۇق.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى بويىچە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ 2020 ـ يىلى، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلىدۇق، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردۇق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادى سىلىق، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلق تۇرمۇشى سېجىل ياخشىلاندى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىللىق ھەم «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە، «بەش تۈپ»كە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىشنى مەھكەم ئىگىلەش، بولۇپمۇ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىشتە بىرىنچى قەدەمنى ياخشى ئېلىش، يېڭى كەيپىيات يارىتىش كېرەك؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بېكىتكەن نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى مەھكەم ئىگىلەپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سېجىل مۇقىم بولۇشىغا قەتئىي ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى بالدۇرراق پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى سېجىل ياخشىلاپ، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، داۋاملىق ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن تۈزۈش، تەييارلاش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**
**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

# ئاپتونوم رايون مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى لى خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەدەبىيات، يېڭى تاراتقۇ قاتارلىق ساھەلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى ۋە شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق كېڭەشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى مۇھىم تارىخىي باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە كەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى بار، ئۇلار مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈرەش قىلغۇچىلارنى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. يېڭى دەۋر يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشتا جەزمەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش كېرەك؛ مۇنەۋۋەر شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە جەزمەن جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىر ئۆلۈش قىزغىنلىقى بىلەن بىر ئۆلۈش تۆھپە قوشۇشى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملىشى، شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ياخشى ئۆتكۈزۈپ، بايراقنى كۆتۈرۈپ، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئوبرازنى نامايان قىلىپ، ئىدىيەۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى كامالەتكە يەتكەن، نەپىس ئىشلەنگەن نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى پائال ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن يېڭى دەۋرگە مۇناسىپ كېلىدىغان، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغان پائال تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

# شىنجاڭدىكى ئىككى مۇستەقىل شۆيۈەن تولۇق كۇرس مەكتىپى قىلىنىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىندى

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، مائارىپ مىنىستىرلىقى تور بېكىتىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 33 مۇستەقىل شۆيۈەننى مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان تولۇق كۇرس مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىشقا قوشۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى خوۋبو شۆيۈەنى شىنجاڭ 2 ـ تېببىي شۆيۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىندى، شىخەنزە داشۆ پەن ـ تېخنىكا شۆيۈەنى شىنجاڭ سىياسىي قانۇن شۆيۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭ تېببىي داشۆسى خوۋبو شۆيۈەنى پۇقرالار ئاچقان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان تولۇق كۇرس مەكتىپى بولۇپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەكتەپ باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىگە تايىنىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى تولۇق كۇرس قاتلىمىدىكى مۇستەقىل شۆيۈەن ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، كلىنىكىلىق مېدىتسىنا، ئېغىز بوشلۇقى مېدىتسىناسى، دورىگەرلىك قاتارلىق 11 كەسپ تەسىس قىلىندى؛ شىخەنزە داشۆ پەن ـ تېخنىكا شۆيۈەنى ۋۇجياچۈ شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ شىخەنزە داشۆ جەمئىيەت كۈچلىرىنى جەلپ قىلىپ، يېڭى باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەمكارلىشىپ قۇرغان ئۇنىۋېرسال شۆيۈەن.

ئىگىلىنىشچە، ئىككى مۇستەقىل شۆيۈەننى مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان تولۇق كۇرس مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىشنى مائارىپ مىنىستىرلىقى «ئالىي مائارىپ قانۇنى» «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «مۇستەقىل شۆيۈەنلەرنى ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىش خىزمىتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزام، سىياسەتلەرگە ئاساسەن بەلگىلىگەن، مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىشنى باھالاش كومىتېتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتكەن. شىنجاڭدىكى ئىككى شۆيۈەن ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممىسى مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان تولۇق كۇرس قاتلىمىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بولىدۇ، مەكتەپ باشقۇرۇشتا قوللىنىشچان ئالىي مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلىدۇ، ئاساسلىقى رايون ئىقتىسادى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجلىق بولغان كارغا كېلىدىغان، تېخنىكا تىپىدىكى، ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلار يېتىشتۈرۈلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ۋە شۇ جايدىكى چارۋىچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى بۇلۇتلار ئارىسىدا چېگرانى قوغداۋاتقان «پامىر بۈركۈتى» دەپ ئاتىدى.

بۇ ئىككى كۈندە، لاچىن بايئەكەنىڭ يۇرتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسىنىڭ تىزناپ كەنتىدە، 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بايئەكە كەلدىبېك ئۈچ ئەۋلاد چېگرا چارلاش سۈرىتى قويۇلغان كۆرگەزمىخانىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر تۇرغىنىچە ئىككى ـ ئۈچ سائەت تۇردى. «ئوغلۇم قالتىس ئىشتىن بىرنى قىلدى، مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن.» ئوغلىنىڭ چېگرا چارلاۋاتقان سۈرىتىنى كۆرگەن بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي ئاقاتتى، «ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، ساددا، باتۇر ئىدى، ئائىلىدىكىلەر ئۇنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ».

«لاچىن بايئەكە مېنىڭ ئۆلگەم، ئۇنىڭ دۇرۇس، سەممىي پەزىلىتى ۋە جەسۇر، كەسكىن، قەيسەر روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.» ئىلگىرى لاچىن بايئەكە بىلەن بىللە چارلاشقا چىققان چېگرا قوغدىغۇچى مەفتۇل كەنجى قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «بىز ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇ سۆيگەن ھەم كۈرەش قىلغان بۇ تۇپراقنى ياخشى قوغداپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىنى يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرىمىز».